# 45788 - ئاياغقا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياغنى سىلىۋەتسە بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنامدۇ؟

## سۇئال

تاھارەت ئالغان كىشى ئاياغقا ياكى پايپاققا مەسھى قىلىپ بولۇپ، ئاياغنى ياكى پايپاقنى سىلىۋەتسە بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پىقھى ئالىملىرى تاھارەت ئېلىپ ئاياغقا مەسھى قىلىپ ئاندىن ئاياغنى سىلىۋەتكەن كىشىنىڭ تاھارىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار: يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، ئىككى پۇتنى يۇيۇش ئارقىلىق تاھارەت كامىل بولىدۇ دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ قاراش كۈچلۈك ئەمەس، چۈنكى تاھارەتتە بەدەننى ئارقىمۇ-ئارقا يۇيۇش ۋاجىپ بولىدۇ. يەنى تاھارەت ئېلىش جەريانىدا ئەزالارنىيۇيۇشتا ئۈزۈن پاسىل قويماستىن ئارقىمۇ-ئارقا يۇيۇش كېرەك بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" ناملىق ئەسىرى 1-توم 367-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى ئارقىمۇ-ئارقا يۇيۇش پەرز ئەمەس دېگەن قاراشتىكى ئالىملارنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ ئاجىز كۆزقاراش ھېسابلىنىدۇ".

باشقا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا تاھارەت سۇنىدۇ، ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا قايتىدىن تاھارەت ئېلىش كېرەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى: مەسھى قىلىش تاھارەتتە يۇيۇشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئاياغنى سىلىۋەتسە ئىككى پۇتنىڭ تاھارىتى سۇنىدۇ، چۈنكى ئاياغنى سىلىۋېتىش بىلەن ئۇ كىشى پۇتنى يۇمىغان ياكى مەسھى قىلمىغان بولىدۇ، ئىككى پۇتنىڭ تاھارىتى سۇنىدىكەن شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ تاھارىتى سۇنىدۇ،چۈنكى تاھارەت پارچىلانمايدۇ. شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان بولۇپ، "پەتىۋالار توپلىمى" ناملىق ئەسەر 10-توم 113-بەتتە بايان قىلىنغان.

يەنە بىر قىسىم ئالىملارمۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر تاھارىتى سۇنىغۇچە قەدەر ئاياغ ياكى پايپاقنى چىقارسا تاھارەت سۇنمايدۇ. (يەنى مەسھى قىلمىغانلا بولسا) بۇ ئىلگىرىكى سەلەپ ئالىملىرىدىن: قەتادە، ھەسەن ئەلبەسەريي، ئىبنى ئەبىي لەيلا قاتارلىقلارنىڭ قارىشى، ئىبنى ھەزمى رەھىمەھۇللاھمۇ "ئەل مۇھەللا" ناملىق ئەسەر 1-توم

105-بەتتە بۇ قاراشنى كۈچلاندۇرغان. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى مۇنزىر رەھمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان. ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھمۇ "ئەل مەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 1-توم 557-بەتتە، بۇ كۈچلۈك قاراش دېگەن.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا تاھارەت سۇنمايدۇ دېگەن ئالىملارنىڭ دەلىلى:

1- تاھارەتنىڭ سۇنىشى تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ يۈز بېرىشى ئارقىلىق بولىدۇ، ئاياغنى سىلىۋېتىش دېگەن تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللاردىن ئەمەس.

2-تاھارەتتە ئاياغنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش شەرئى دەلىللەر بىلەن بېكىتىلگەن، بۇنى سۇندۇ دېيىش ئۈچۈن چوقۇم شەرئى دەلىل بولىشى كېرەك. ئاياغنى سىلىۋېتىش بىلەن تاھارەت سۇندۇ دەيدىغانغا شەرئى دەلىل يوق.

3-بۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ چېچىنى ئالدۇرۋەتكەنگە قىياس قىلىنىدۇ، چۈنكى بىر ئادەم تاھارەت ئېلىپ بېشىغا مەسھى قىلىپ ئاندىن چېچىنى ئالدۇرسا بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ تاھارىتى سۇنمايدۇ، شۇنىڭدەك ئاياغقا مەسھى قىلىپ ئاندىن ئاياغنى سىلىۋەتسە بۇنىڭ بىلەنمۇ تاھارەت سۇنمايدۇ.

ئەمما شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تاھارەت ئېلىپ مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياغنى ياكى پايپاقنى سىلىۋەتسە بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ، توغرا قاراشتا تاھارىتى سۇنغانغا قەدەر قانچىلىك ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ." [ئىبنى ئۇسەيمىين پەتىۋالار توپلىمى 11-توم 193-بەت].

"ئەلمۇغنى" 1-توم366-386-بەتلەر، "ئەلمۇھەللا"1-توم105-بەت، ئەلئىختىيارات15-بەت، شەرھۇل مۇمتىئ1-توم 180-بەت قاتارلىق كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.